# يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان

ۋېي لياڭتاۋ

## يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالى

يەكەن خانلىقىنىڭ يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان مەلۇمات يوق دېيەرلىك. چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا، كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالى جەھەتتە بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئىشلىگەن. 1759-يىلى مەسلىھەتچى ئامبال شۇخېدېنىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ كونا تۈزۈمىدە، ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغاندا، ئوندىن بىرىنى ئېلىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا سەرپ قىلىدىكەن. ئاقسۇ شەھىرىدە بولسا كونا خانلارنىڭ جامائەت يېرى بولۇپ، مەھسۇلاتىنى يىغقاندا تەڭ تەقسىم قىلىدىكەن» (؟). مۇشۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ، باشقا تارىخ ماتېرىياللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە تەھلىل قىلىمىز:

(1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەر. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا دېيىلگەن «كوناخان» يەكەن خانلىقىنىڭ ھەر قايسى خانلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ «جامائەت يېرى» دېيىلگىنى دۆلەتنىڭ يېرىدىن ئىبارەت، چۈنكى يەكەن خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تېپىدىكى تۈزۈلمە ئىدى، يەنى «دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قارىلاتتى»، «خان» — «دۆلەت» ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ «كونا خانلارنىڭ جامائەت يېرى»، «ئىگىلىرى بار بەگلىك يەر» (؟) ياكى «بەگلىك يەر» دېيىلگەن. بۇ بەگلىك يەرلەرنى ئىجارىكەش دېھقان (ئورتاقچى دېھقان) تېرىيدىغان بولغاچقا، «تارىياچى يېرى» ① دەپمۇ ئاتالغان. تارىياچى — تارىياچىن موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «دېھقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، «ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچى»، «زىرائەت تېرىغۇچى»، «يەر تېرىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى تارىياچى سۆزى تارىيا («ئاشلىق»، «زىرائەت»، «تېرىما يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دېگەن سۆزگە كەسىپ ئەھلىنى بىلدۈرىدىغان «چى» قوشۇمچىسىنى قوشۇشتىن تەركىب تاپقان. تارىياچى موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، جۇڭغار خانلىقى يەكەن خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن «كونا خانلارنىڭ جامائەت يېرى» نى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغۇچى دېھقانلارنى شۇنداق ئاتىغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قانداق

www.uyghurkitap.com

دېگەنلىكى داۋاملىق، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا تېرىق (teriq) ۋە تېرىقچى (teriqchi) («يىغىۋالغۇچى»، «تېرىغۇچى»② دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ياكى تارىقچى (tariqchi) («تېرىغۇچى»، «تىككۈچى») قاتارلىق سۆزلەر③ بولۇپ، موڭغۇل تىلىدىكى تارىيا ۋە تارىياچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. جامائەت يېرىنى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ تەقسىماتى پىرسەنتلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە بولۇپ، ئالغان ھوسۇلىنىڭ 50 پىرسەنتىنى خان — دۆلەتكە تاپشۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىجارە بېجىنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن ئالغاندا، ساۋساۋ يېرىگە قويغان ھەربىي تېرىقچىلىقنىڭ نىسبىتىگە باراۋەر كېلەتتى. لېكىن نامى جەھەتتە ھوسۇلنىڭ مىقدارى بويىچە پىرسەنتلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئورۇق مىقدارىنىڭ 10 ھەسسىسىنى «نورما» لىق ھوسۇل مىقدارى قىلىپ پىرسەنتلەشتۈرەتتى④. ئەينى ۋاقىتتا مەھسۇلات مىقدارى بىرداق يۇقىرى ئەمەس ئىدى، مول ھوسۇللۇق يىللىرى ئورۇقتىن 7—8 ھەسسە ئاشۇرۇپ ھوسۇل ئالسا، كەم ھوسۇللۇق يىللىرى 2-3 ھەسسىلا ئاشۇرۇپ ئالاتتى⑤. بۇ ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ «نورما» لىق مەھسۇلات ئۈچۈن 20—30%، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ پىرسەنتلەشتۈرۈپ ئالىدىغان ھوسۇلى كۆپ دېگەندە ئەمەلىي ھوسۇل مىقدارىنىڭ 30% ىگە توغرا كېلەتتى. ئەمدى ئورۇقنى كەم چېچىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆججەتلەردە بىر نەچچە دېيىلمىگەن، گۇاڭشۈينىڭ «ھۇزۇرىدا بەلگىلەنگەن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» نىڭ 163-جىلدىدا، مۇشۇ جەھەتتىكى مەلۇمات بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ: «قەشقەردە بەگلىك يەرلەر ئۈچۈن ......... ھەر يىلى ئىشتىن ئادەملەر چاقىرىلىدۇ، بەك ئورۇق ئۆتنە بېرىپ تېرىتىدۇ، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئورۇقنى قايتۇرغاندىن باشقا، ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بەگكە تاپشۇرىدۇ». ئەگەر ئورۇقنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن پىرسەنت بويىچە تەقسىم قىلغاندا، ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي ئالىدىغان ھوسۇلى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. قىسقىسى، دۆلەت يېرىدىكى ئىجارىكەش دېھقان ئىنتايىن ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى ئويلاپلا بىلگىلى بولىدۇ!

«كونا خانلارنىڭ جامائەت يېرى» ياكى «ئىلگىرى بار بەگلىك يەر» نىڭ سانى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تېرىلغۇ يەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى جەھەتتىكى مەلۇمات مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا كەم بولۇپلا قالماستىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ مۇكەممەل ماتېرىيال كەم. بىز پەقەت بەزى رايونلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ستاتىستىكا قىلىپ ۋە ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز. ئەمدى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 34-جىلدىدا تەمىن ئەتكەن سانغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بېرىمىز:

1759-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن

جايلاۋنىڭ يەر مۇسى بويىچە تۆلىگەن ئاشلىق بېجى ئەھۋالى
مۇنداق بولغان:
كۈچانىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 1210 دەن،
ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2210 دەن. ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ
ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 960 دەن، 79%؛ نورمىلىق ئاشلىق بېجى 960دەن،
43%؛ ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 250 دەن،
21%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 1250 دەن، 57%؛
شايارنىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى635 دەن،ئومۇ-
مىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 935 دەن؛ ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈك
بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 560 دەن، 88%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 560 دەن، 60%؛
ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 75 دەن، 12%،
نورمىلىق ئاشلىق بېجى 375 دەن، 40%.
ئۈچتۇرپاننىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 2288دەن،
ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2442 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ
ئۆرۈك بويىچە مو سانى 2250 دەن (ئەسلى 84000 مو، ئاشلىق بېجى سانىغا ئاسا-
لىنىپ ئۆرۈك بويىچە مو سانى ھېسابلاپ چىقىرىلدى)، 98%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى
2250 دەن، 92%. ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈك بويىچە مو سانى 38 دەن (ئەس-
لىدە كەم، ئاشلىق بېجى سانىغا ئاساسلىنىپ ئۆرۈك بويىچە مو سانى ھېسابلاپ چىقىرىلا-
دى)، 2%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 192 دەن، 8%.
ئاقسۇنىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 14544 دەن،
ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 8470 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ
ئۆرۈك بويىچە مو سانى 14200 دەن، 98%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 6750 دەن، 80%،
ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈك بويىچە مو سانى 344 دەن (ئەسلى «مو» دېيىل-
گەن، يۇقىرى-تۆۋەندىكى سۆزلەرگە باغلاشتۇرغاندا «ئۆرۈك بويىچە مو سانى» بولۇشى
كېرەك)، 2%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 1720 دەن (ئەسلىدە كەم، ئۆرۈك بويىچە مو سانىغا
ئاساسلىنىپ بۇ ئاشلىق بېجى ھېسابلاپ چىقىرىلدى)، 20%.
سايرامنىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 975 دەن،
ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 975 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ
ئۆرۈك بويىچە مو سانى 975 دەن، 100%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 975 دەن، 100%.
باينىڭ ئۆرۈك بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 98 دەن، ئومۇمىي
نورمىلىق بېجى 98 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈك بويىچە مو سانى
98 دەن، 100%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 98 دەن، 100%.

قەشقەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 22001 دەن، ئومۇمىي نورمىلىق بېجى 25193 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 21200 دەن، 99%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 21200 دەن، 84%، ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 801 دەن، 4%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 3993 دەن، 16%.

يەكەننىڭ ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 16261 دەن، ئومۇمىي نورمىلىق بېجى 21395 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 14977 دەن، 92%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 14977 دەن، 70%، ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 1284 دەن، 8%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 6418 دەن، 30%.

خوتەننىڭ ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 67201 دەن، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 12784 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 54139 دەن، 81%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 10600 دەن، 83%، ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 13062 دەن، 19%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2184 دەن، 17%.

خانلىق بويىچە جەمئىي: ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 125213 دەن، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 74502 دەن، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 109359 دەن، 87%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 58370 دەن، 78%، ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 15854 دەن، 13%، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 16132 دەن، 22%.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، كۇچا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان ئومۇمىي يېرى 125213 دەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرى 109359 دەن بولۇپ، 87% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەر 15854 دەن بولۇپ، 13% نى ئىگىلەيدۇ. جايلار بويىچە ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەر سانىنىڭ ئومۇمىي يەر مو سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تولىمۇ ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇ سانلارمۇ گۇمانلىق. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا، قەشقەرنىڭ ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يېرى ئۆرۈق بويىچە 801 دەن بولسىمۇ، لېكىن خەي مىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپتا: «قەشقەرنىڭ جەمئىي بەگلىك يېرى تۆت يۈز پاتمان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تېرىشقا بېرىلىدۇ، چارۋا كەمچىل بولغاچقا، ئاران ئىككى يۈز پاتمىنى تېرىلىدۇ»⑥ دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شۇ چاغدا ھەر پاتمان 4 دەن 5 كۈرىگە⑦ باراۋەر ئىدى، شۇنداق بولغاندا 400 پاتمان يەر ئۆرۈق بويىچە ھېسابلىغاندا 1800 دەن بولىدۇ؛ 200 پاتمان يەر تېرىلغاندىمۇ، ئۆرۈق بويىچە 900 دەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر ئۈچ رايوننىڭ ساندىنمۇ

ئارىشۇڭلار يەكەن خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەگلىك يېرىنىڭ ئومۇمىي سانى: ئۇرۇق بويىچە 15000—20000 دەن بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر سانىنىڭ 10—15% تىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز. بەگلىك يەرنىڭ يەكەن خانلىقىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى زور بولمىسىمۇ، لېكىن خانلىقنىڭ مالىيەسىدە مۇھىم ئورۇننى، ئاشلىق بېجىنىڭ 20—25% تىنى ئىگىلەيتتى.

(2) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى «ئەسلى تۈزلەشتۈرگەن خەلق يېرى».

بىزنىڭ يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتىمىزغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 85—90% تىنى ئىگىلىگەن. «خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر» دېگەندە، بۇ قانۇنىي ئاتالغۇ بولۇپ، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا قارىتا ئېيتىلغان، بۇ ھەرگىز خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ ئۆزى تېرىيدىغان ياكى ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان. بىزنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر ئىچىدە ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ يېرى قانچىلىكنى، پومېشچىكلارنىڭ يېرى قانچىلىكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشىمىز بەكمۇ قىيىن؛ لېكىن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن ۋاستىلىك ئىسپاتقا ئېرىشەلەيمىز: «گوۋاڭ شۈي ھوزۇرىدا بەلگىلەنگەن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى» نىڭ 163-جىلدىدىكى چيەن لۇڭنىڭ 29-يىلى (1764-يىلى) دېگەن قىسمىدا «ئىشخانا بېگى ئابدۇللانىڭ بەگلىك يېرى يىگىرمە پاتمان تۆت غەلۋىر ئۈچ چارەك» ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ بىر بيۇروكرات پومېشچىك بولۇپ، ئىگىلىگەن يېرى ئۇرۇق بويىچە 109 دەنگە يېتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاۋام پومېشچىكمۇ مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ ئىگىدارلىرى دۆلەتكە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى تاپشۇراتتى. بۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇز ئوردۇ (بالاساغۇن) دا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار «تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىرىنى بەگ (ھۆكۈمەت) كە بېرەتتى»⑧. غەربىي لياۋ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىمۇ بۇ خىل باج تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان. زوكۇتۇ: «بۇ ئوندىن بىرلىك باج تۈزۈمى ئىسلام قانۇنىدىكى ‹خىراج› دىن ئىبارەت»⑨ دەپ قارىغان. «خىراج» (kharaj)، يەنى يەر بېجى، مۇسۇلمان دۆلەتلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەردىن ئالىدىغان باج. بۇ يەردە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىلا ئېلىنىپ، بەگلىك يەرنىڭكىدىن خېلى يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەقەت

پومېشچىك ۋە ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانغا قارىتا ئېيتىلغان، پومېشچىكنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان ئىجارىكەش دېھقانىنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى ھەرگىز بەلگىلىك يەرنى ... ئىجارىكەش دېھقانىنىڭكىدىن يەڭگىل بولمايتتى.

3) ۋەخپى يەر، يەنى ئىسلام دىنى ئىبادەتخانىلىرى، قەبرىستانلىقى ۋە مەكتەپلىرىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر. «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ 34- جىلدىدىكە ھەر قايسى جايلار بويىچە خەلق يېرى ۋە بەلگىلىك يەرنىڭ سانلىرى يېزىلغان، لېكىن ۋەخپى يەرلەر تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر جىلدىدا «باج تۆلەش» كۆزدە تۇتۇلغان، ۋەخپى يەرلەر «تائەت-ئىبادەت يېرى»⑩ ياكى «مەكتەپ يېرى» دەپ قارىلىپ، ئاشلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن. ۋەخپى يەر ئاساسلىقى ھەر قايسى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار ئىنئام قىلغان جامائەت يېرى، ئەمەلدار ياكى پومېشچىكلار تەقدىم قىلغان يەر ۋە قىسمەن ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلار دىنىي پاناھ تىلەپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەن يەرلەر ئىدى. شاھ مەھمۇد چوراسنىڭ ئېيتىشىچە، مەھمۇدخان بىر قېتىمدىلا پەيزىۋات ۋە ساگقاش ئىككى كەنتىنى قارا تاغلىق خوجىلاردىن شادىغا ئىنئام قىلىپ بەرگەن⑪. ۋەخپى مۈلۈك تېرىلغۇ يەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا قالماي، تۈگمەن، ئىستىخانا، دۇكان، ھەتتا كان ئېچىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دۆلەت بويىچە ۋەخپى يەرنىڭ سانى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، مۆلچەرىمچە ئانچە كۆپ بولمايدۇ. لېكىن ۋەخپى يەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، يەنە ئومۇمەن ئالغاندا باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغاچقا، دىنىي كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ قالغان. دىندىن خالىي ھاكىمىيەت دىنىي كۈچلەرنىڭ بەكراۋاج تېپىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، مۇتەۋەللىي مەنسىپى تەسىس قىلىپ، ۋەخپى مۈلۈكلەرنى نازارەت قىلىپ مۇھاپىزەت قىلغان. يەكەن خانلىقى كۆپىنچە ئارزۇلۇق ۋەزىر ياكى نەتىجە كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرنى مۇتەۋەللىي قىلىپ تەيىنلىگەن، بۇ ئەھۋال بۇنىڭ تاپاۋەتلىك مەنسەپ ئىكەنلىكىنى، ۋەخپى مۈلۈكتىن نۇرغۇن قوشۇمچە تاپاۋەت تېپىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەخپى يەرلەرنى ئىجارىكەش دېھقانىنىڭ تېرىشىغا ئىجارىگە بەرگەندە، ئۇنىڭ تەقسىمات پىرسەنتى بەلگىلىك يەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى خاتىرە ئۇچرىمىدى.

## نوپۇس ئەھۋالى

بىر دېھقانچىلىق دۆلىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەلۇم مىقداردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ مەلۇم نوپۇس سانى دۆلەت كۈچىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى توغرىسىدا، تارىخ كىتابلىرىدا كونكرېت سان قالدۇرۇلمىغان، لېكىن بەزى ماتېرىياللار بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى

يان تەرەپىدىن (سىرتتىن) تەكشى ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(1) تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا كىرگەن موغۇللار سانى. «تارىخى رەشىدى» بىزنى بۇ جەھەتتە ئىككى تۈرلۈك سان بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىرىسى، سەيىدخان بىلەن بىللە كىرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان قوشۇندىكىلەر 4700 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ ⑫، بۇنىڭغا ئائىلە-تەۋەلىرىنى قوشساق، ئەگەر ئۈچ ئادەم بىر ئەسكەر چىقىرىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 15000 ئادەم بولىدۇ. بۇ 1514-يىلدىكى سان؛ يەنە بىرى: مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دىكى خاتىمە سۆزىدە، موغۇللاردىن «ھازىر» مىڭ تەخمىنەن ئۈچ تۈمەن ئادەم تۇرپان ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق، موغۇلىستان باشقا قەبىلە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بولغان ⑬ دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ھازىر» مەزكۇر كىتاب يېزىلىپ تاماملانغان ۋاقىت، يەنى 1544-يىل. موغۇللار ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلار بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا كۆپ قىسمى ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئاھالىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

(2) دېھقانچىلىق ئاھالىسى، مىللەت تەركىبى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى ئۇلار ئەمىن ئەتكەن مەھسۇلات بىلەن «بىر ھەربىي قوشۇننى تەمىنلەپ كەتكىلى بولمايدۇ» ⑭ دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ كىتابلىرىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنىدىكى ئادەم سانى ئادەتتە بىر نەچچە مىڭ ئىكەنلىكىنى، ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىمدىكىسىمۇ ئاران «تۆت تۈمەن ئادەم» ⑮ ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. يولداش چېن گاۋخۇا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپاننىڭ نوپۇسى جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆرگەن. ھېسابلانغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، 1474-يىلى «تۇرپاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئون مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. قۇمۇل رايونىنىڭ ئاھالىسى تېخىمۇ ئاز بولۇپ، 3-4 مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن»؛ XVI ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە، «تۇرپاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىككى تۈمەنگە يەتمىگەن» ⑯. 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇ جايلارنىڭ نوپۇس ستاتىستىكىسى قىلىنغان، بۇ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ساقلانغان. XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى بۇ سان يەكەن خانلىقىنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى ھېسابلاپ چىقىشىمىز ۋە تەھلىل قىلىشىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ. بۇ سان تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەنشىنىڭ ئائىلە سانى | 2041، | نوپۇسى | 26821؛ |
| دۇنخۇاڭنىڭ ئائىلە سانى | 2405، | نوپۇسى | 29520؛ |
| يۈيمېننىڭ ئائىلە سانى | 1498، | نوپۇسى | 14144؛ |
| قۇمۇلنىڭ ئائىلە سانى | 1950، | نوپۇسى | 12163؛ |

www.uyghurkitap.com

پىچاننىڭ ئائىلە سانى 2937، نوپۇسى 10373؛
قاراشەھەرنىڭ ئائىلە سانى 1130، نوپۇسى 5390؛

يۇقىرىدىكى ئالتە جاي ئەينى يىللاردا يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونى بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانى 11961، نوپۇسى 68411.

كۇچانىڭ ئائىلە سانى 1112، نوپۇسى 4260؛
شايارنىڭ ئائىلە سانى 673، نوپۇسى 1898؛
سايرامنىڭ ئائىلە سانى 500، نوپۇسى 1627؛
باينىڭ ئائىلە سانى 563، نوپۇسى 1735؛
ئاقسۇنىڭ ئائىلە سانى 7506، نوپۇسى 24607؛
ئۇچتۇرپاننىڭ ئائىلە سانى 822، نوپۇسى 3158؛

يۇقىرىدىكى ئالتە جاي ئەينى يىللاردا ئاقسۇ رايونى بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانى 11176، نوپۇسى 37285.

قەشقەرنىڭ ئائىلە سانى 14056، نوپۇسى 66413؛
يەكەننىڭ ئائىلە سانى 15574، نوپۇسى 65495؛
خوتەننىڭ ئائىلە سانى 13642، نوپۇسى 44603؛

جەمئىي 66409 ئائىلە، 312207 نوپۇس.

يۇقىرىدىكى سان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ئالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئولتۇراقلاشقان نوپۇسنىڭ سانى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلار نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا بولىدۇكى، جەمئىيەت تەرتىپى نىسبەتەن ھالدا بىر قەدەر تىنچلانغان خانلىقتا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئولتۇراقلاشقان نوپۇس يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ساندىكىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك. مۆلچەرىمىزچە ئەينى ۋاقىتتا 400 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايلىشىشىمۇ ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن ئۈچ رايونغا مەركەزلەشكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق نوپۇسىمۇ ئاز بولماسلىقى كېرەك؛ كۆچمەن چارۋىچىلار ئاساسلىقى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان ئوتلاقلار، ۋە پامىر، كۇئېنلۇن قاتارلىق تاغلىق جايلاردىكى ئوتلاقلارغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي-جۇغراپىيە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۈچ تۈمەن ئەتراپىدا نوپۇس ساقلاپ قېلىشقا، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش گورىزونتال سىزىقتا بولۇشقا تېگىشلىك. يەكەن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئومۇمەن ئالغاندا تەخمىنەن 500 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۆلەت زېمىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى قىيىن ئىدى. يەكەن خانلىقىدىكى موغۇللارنىڭ ئولتۇراقلاشقان

دېھقانچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشى، قوراللىق كۈچىنىڭ زەئىپلىشىشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دۆلەت كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئارىلىشىشى ۋە بېسىپ كىرىشىگە ئۇچراپ، ئاخىرى جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان.

ئىزاھلار:

① «خان ھوزۇرىدا بەلگىلەنگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش لايىھەسى» نىڭ رەسمىي توپ-
لىمى، 83-جىلد؛ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 602-جىلد، 10-11-بەتلەر.
② بۇرھان شەھىدى: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت».
③ شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە
لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.
④ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 34-جىلد «باج تۆلەش».
⑤ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 582-جىلد، 22-23-بەتلەر؛ 593-جىلد،
16-17-بەتلەر.
⑥ «خان ھۇزۇرىدا بەلگىلەنگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش لايىھەسى» نىڭ رەسمىي توپ-
لىمى، 6-جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 10-ئاينىڭ ......
⑦ پاتمان—غەربىي يۇرتنىڭ ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پاتمان 573.44 كىلوگرامغا
باراۋەر. يەنە 1080 باڭ دەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە بىر پاتماننى 4 دەن 5
كۈرە قىلىپ بەلگىلىگەن، «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 593-جىلد.
16—17-بەتلىرىگە قاراڭ؛ كېيىن بىر پاتماننى 5 دەن 3 كۈرە قىلىپ ئۆزگەرتكەن، «چىڭ
گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 629-جىلد، 17-بەتكە قاراڭ.
⑧ «چىن سۇلالىسى تارىخى» 121-جىلد.
⑨ زوكۇتۇ: «XVIII—XIX ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى جەھەتتە تەتقىقات»
خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، بىرىنچى قىسىم، 320-بەت.
⑩ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39-جىلد، «ئۆرپ-ئادەت».
⑪ «ھەقىقەت ئىزدىگۈچىنىڭ دوستى». كۆچۈرمە نۇسخا، 96-ياپراق، «تارىخى جۇراس»
تىن ئېلىندى. تەرجىمە ئىزاھى 157، 189-بەت. موسكۋا، 1976.
⑫⑬⑭ «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2-قىسىم، 218-بەت.
⑮ ئىسلام كالېندارى 1053-يىل (1643—44-يىللار) ئابدۇللا خاقان ئەنجانغا يۈرۈش
قىلىشتا، دۆلەت بويىچە بارلىق قوشۇننى توپلىغاندا، ئادەم سانى تۆت تۈمەنگە
يەتكەن، «تارىخى جۇراس» نىڭ 219-بېتىگە قاراڭ.
⑯ چېن گاۋخۇا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان توغرىسىدا بىر نەچچە مەسىلە».
«مىللەتلەر تەتقىقاتى» غا بېسىلغان، 1983-يىل، 2-سان،
(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1992-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى